# ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا قارا چاپلاش قىلمىشى ساختىپەزلىك، رەزىللىك

(بېشى 1 - بەتتە)

**—— قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، دىنىي ئەسەبىيلىكنى توسۇش كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشمۇ ياكى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشمۇ؟**

ھەممىگە مەلۇمكى، تېررورىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى زەھەرلىك ئۆسمە. تېررورچى ئۇنسۇرلار قاتىللىق قىلىشتا مىللەت ئايرىمىدى، قېرى - ياش دېمىدى، بىگۇناھلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، غالجىرلاشتى، تەلۋىلەشتى. تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋاستىسى ئىنتايىن قەبىھ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. زوراۋان تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ئۇزاقتىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى توغدۇرۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز بولدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە غايەت زور زىيان يەتكۈزدى. بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، مەن ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىدىم؛ ھازىر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى سىجىل ئېشىۋاتقاندا، بۇ كىشىلەر ئەكسىچە شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، غەرىزى زادى نېمە؟

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باشتىن - ئاخىر قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، مەسىلىلەرنى قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىل ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇردى. بىز «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيىسى»(60/288) «زوراۋان ئەسەبىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى»(70/674) قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ روھى ۋە خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلدۇق؛ دۆلەت قاتلىمىدا، بىز بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇن سىستېمىسى بەرپا قىلدۇق؛ ئاپتونوم رايون مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ بىر قاتار ئالاقىدار يەرلىك نىزاملارنى چىقىرىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى باشتىن - ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ باردى. ئۈنۈملۈك تۈزەش نەتىجىسىدە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، شىنجاڭ كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.62% كۆپەيدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر پۇتى بىلەن بېلەت تاشلاپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ يۈزىگە كاچاتلاپ، شىنجاڭنىڭ تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىزمگە زەربە بېرىشتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - ئۈنۈمىنى نامايان قىلدى.

**—— تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە قارا چاپلاش ئادالەتنى ياقىلاشمۇ ياكى ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشمۇ؟**

شىنجاڭدا قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ خەۋپى ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىش. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان ھەم قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى تاشلىۋەتمەي، بەلكى ئۇلارنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سىستېمىلىق، ھەقسىز كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، ئۆرپ - ئادىتى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنە ئىجتىمائىي كاپالەت، مائارىپ، داۋالاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بېرىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئۆگىنىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇردى. ھازىر تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوخشىمىغان ئىشقا ئورۇنلاشتى ياكى ئۆزى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن تېخنىكىسىغا تايىنىپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىدى ھەم تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، مەن تەربىيەنى تاماملىغان بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇلار بەس - بەستە ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، قايتىدىن جەمئىيەتكە قايتىپ، نورمال كىشىلەردەك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

شىنجاڭ قوللانغان ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى مەنبەدىن تۈزەش تەدبىرى بولۇپ، باشقا دۆلەت ۋە رايونلار قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن ماھىيەتلىك پەرقى يوق، مىللەت، دىن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۇنىڭ نىگىزى كىشىلىك ھوقۇققا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش. جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئىزچىل ئوچۇق - ئاشكارا پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. 2019 - يىلدىن بۇيان، ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى دىپلوماتىيە ئەمەلدارى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى، ئالىم، دىنىي تەشكىلات ۋەكىلى قاتارلىق 1000دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى. سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 50تىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى، ئۇلار شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ھېس قىلدى. ھالبۇكى، بىر قىسىم دۆلەتلەر بىر تەرەپتىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەمەلدارلىرىنىڭ شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا جار سالسا، بىر تەرەپتىن شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەمەلدارلىرىغا كۈچىنىڭ بارىچە بېسىم ئىشلەتتى ۋە كاشىلا قىلدى، بۇنداق ئۆز - ئۆزىگە زىت قىلمىش ئۇلارنىڭ باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان سىياسىي غەرىزىنى ئاشكارىلىدى. ئايرىم دۆلەتلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا پىسەنت قىلماي، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئاشكارا ئارىلىشىۋېلىپ، خەلقئارا قانۇن، مىزانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ قانۇن، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ۋە تېخنىكا ماھارىتى ئۆگىنىشنى خالىماي، بۇ كىشىلەرنى ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولدى، ھەتتا ئۇيغۇر مىللىتىنى تېررورىزم بىلەن باغلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ سىرتىغا قويماقچى بولدى، غەرىزى ئىنتايىن زەھەرخەندە ۋە رەزىل. شىنجاڭ ياخشىمۇ - ياخشى ئەمەسمۇ، بۇ ھەقتە شىنجاڭ خەلقى سۆزلەشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق، بۇ يامان غەرەزلىك دۆلەتلەرنىڭ قالايمىقان بىلجىرلاشقا ھوقۇقى يوق، ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق، خالاس.

**—— ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى بىلەن دىنىي ئەسەبىزمنى باغلىۋېلىشتىكى غەرەز نېمە؟**

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن پرىنسىپىغا ئاساسەن خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىقى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلغانلىقى، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغانلىقىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى. گوۋۇيۈەننىڭ «دىن ئىشلىرى نىزامى»غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئېلان قىلدى، پۇقرالار تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى تامامەن پۇقرالار ئۆز ئالدىغا تاللايدۇ؛ شىنجاڭدا پۇقرالار ئەزەلدىن دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبلىك كەمسىتىلىشكە ياكى ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ئەمەس، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەسچىتكە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش»، «توققۇزنى سەپلەش»نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارغا قارىتا، غەرب دۆلەتلىرىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئىزچىل كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىشنى تاللىشىدا نېمە غەرىزى بار؟ مەن ئىلگىرى مىللەت ۋە دىن خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان، دىن خىزمىتىدە ئىزچىل «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرۈلمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەزەلدىن ئادەتتىكى ھالدا ئاز سانلىق جىنايەتچىلەر بىلەن ھەرقانداق دىن، ھەرقانداق مىللەتكە تەئەللۇق بەلگىسى قويغان ئەمەس. دىنىي ئەسەبىزم ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، بىراق دىنىي ئەقىدىلەرگە تامامەن خىلاپلىق قىلدى، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى ئەمەس. ئۇزاقتىن بۇيان، ئۇلار ئەسەبىي ئىدىيەنى دىن بىلەن باغلىۋېلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما بىلەن باغلىۋېلىپ، «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىق سەپسەتىلەرنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، بىرقىسىم كىشىلەرنى پۈتۈنلەي روھىي جەھەتتىن كونترول قىلىنغان ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا ۋە تېررورچى ئۇنسۇرلارغا، ھەتتا قانخور ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھازىر ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سىياسەتۋازلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «دىن»نى دەستەك قىلىپ كەلىمە - كەلىمەس قول تىقىشى ماھىيەتتە «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ، يەل بەرگەنلىك، شىنجاڭنىڭ قالايمىقان بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرمەندە، شەخسىيەتچى قوش ئۆلچىمى ۋە ساختىپەز، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

**—— خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىناق بولۇشى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشمۇ ياكى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشمۇ؟**

كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق روھى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپى، ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق ئۆتۈشى، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. مانا بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلغانلىق. شىنجاڭ مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، خاس ئەۋزەل كەسپلەرنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كاپالەتلەندۈردى ۋە ياخشىلىدى. شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىنىڭ 70%دىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە ئىشلىتىشتە ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئېغىر نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن 75 مىڭ ئادەمنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 2016 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 1 مىليون 400 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق بولدى. يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 8 مىليون 300 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى؛ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، شەھەر - يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمى سىجىل ئۆستۈرۈلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. شىنجاڭدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، تەرەققىيات نەتىجىسى، مەدەنىيلىكنىڭ ئالغا بېسىشى، ئىدارە قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمى ھەممىگە ئايان، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ. «رەڭلىك كۆزەينەك» «قوش ئۆلچەم» تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ پاكىتنى يوشۇرۇپ، باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان مەقسەتكە يېتىشتۇر. يوشۇرۇشنىڭ ئۆزى قانات ئاستىغا ئالغانلىق ۋە يول قويغانلىق، تېررورىزمنىڭ دۈمبىسىنى چالغانلىق، ئەسەبىزمنى قوللىغانلىق بولۇپ، بۇ خەلقئارا ئەخلاق ۋە ھەققانىيلىق ھەم ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپ، جەزمەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، يولسىزلارغا ھېچكىم يار - يۆلەك بولمايدۇ، ھامان مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا، رايون خاراكتېرلىك ئۇرۇش، توقۇنۇش ۋە تۈرلۈك زوراۋانلىق پائالىيەتلىرى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى - تىنچلىقى تەستە قولغا كەلگەن. خەلقنىڭ بەختى ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق. ئايرىم دۆلەتلەر ئىچى قارلىق قىلمىسىمۇ، بىھۇدە ئاۋارە بولمىسىمۇ بولىدۇ، جۇڭگولۇقلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى ياخشى باشقۇرالايدۇ، بىز ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەيمىز، دۇنيا خەلقىنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان شىنجاڭدا بارلىققا كېلىۋاتقان خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ھەققىي ھېس قىلالىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى دۇنيا خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، بەختلىك گۈزەل تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

1990 - يىلدىن 2016 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلار زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ قانلىق ۋە قەبىھلىكىگە پىسەنت قىلماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازابىغا پىسەنت قىلماي، «ئۈچ خىل كۈچ»كە ئوچۇقتىن - ئوچۇق يانتاياق بولۇپ، ساختىپەز، تاش يۈرەك ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. ئۇلار شىنجاڭنى مالىمان قىلىپ، ئۇنى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى چۇشەپ قويىدىغان كوزىرغا ئايلاندۇرماقچى. زومىگەرلىك بىلەن باشقا دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىپ يەنە «ھەققانىيەت»چى قىياپىتىگە كىرىۋالدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى «ئۈچ خىل كۈچ»تىنمۇ بەكرەك ۋىجدانىنى يوقاتقانلىق، ئادەمىيلىكىنى يوقاتقانلىق.

شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە، شىنجاڭ خەلقى سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق. شىنجاڭ ئىلگىرى ئەسەبىزم، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىپ، مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەسلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا پۈتۈن يەر شارىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ئايان، ئامېرىكىنىڭ كەلىمە - كەلىمەس قول تىقىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۇلار بىمالال قوللىنىۋاتقان قوش ئۆلچەمدە، نەدىمۇ ئۇيغۇرلاردىكى كىشىلىك ھوقۇققا كۆڭۈل بۆلسۇن؟ بۇ پەقەت كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق ساختا نىقابى ئاستىدىكى رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگونىڭ شىنجاڭى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، دىنلار ئىناق، رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى. بۇنداق تىنچ، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاسان قولغا كەلمىگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئۇنى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىشىغا، قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ؛ ھەرقانداق قارا چاپلاش شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق شۇنى چوڭقۇر بىلىپ يەتتىكى، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن - ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس زىچ باغلانغان. بۈگۈنكى جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، جۇڭگو خەلقى بوزەك قىلىنغان، دەپسەندە قىلىنغان دەۋر ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ھەرقانداق قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشتىكى جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، خالاس.

---

(بېشى 3 - بەتتە)

ھەر يىلى مەلۇم ساندىكى تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىر تۈركۈم زاپاس دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈردى، نۆۋەتتە مەكتەپتە 1100 ئوقۇغۇچى بار. دىنىي بىلىمگە ئېرىشىش يوللىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە قاتارلىق تۆت خىل يېزىقتىكى «قۇرئان» «سەھىھۇل بۇخارى ھەدىسلىرىدىن جەۋھەرلەر» قاتارلىق دىنىي كلاسسىك كىتابلار تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش پائالىيىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 1996 - يىلدىن بۇيان، ھۆكۈمەت ھەر يىلى ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىپ، مۇسۇلمان ئاممىنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا تەشكىللىدى، ھەم ھەج قىلغۇچى خادىملارنىڭ داۋالىنىش، تەرجىمە قاتارلىق ئىشلىرىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى، يەنە خادىم ئەۋەتىپ ئۇمەككە ئەگىشىپ مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەج پائالىيىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدىكى 50 مىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمان ئاممىسى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە باردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مۇسۇلمان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، نورمال دىنىي ئېھتىياجى ئۈنۈملۈك قاندۇرۇلدى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، ئەسەبىي ئىدىيە شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىپ، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھارۇنخان ھاجى، جۈمە تاھىر قاتارلىق كۆپ نەپەر ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ياكى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى ياكى تەھدىتكە، ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈچلۈك ساداسىغا قارىتا، شىنجاڭ ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، جىنايى قىلمىشى يېنىك ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بارلارغا قارىتا ياردەم بېرىش - يۆلەش تەربىيەسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنى تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ قۇربانى بولۇشتىن ساقلاپ قېلىپ، ئەڭ زور چەكتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ھەم كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆيىگە قايتالايدۇ، ئىشى بولسا رۇخسەت سورايدۇ، خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى بار. تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ ۋە كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلىرى كۆپ، ئوزۇقلۇقى مول مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. تەربىيەلەنگۈچىلەر تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى خىزمەت تېپىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلىدى. «قۇرئان»دا مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ تۈزەتسە، ئاللا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ئاشۇ ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغانلارنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، نورمال كىشىلەردەك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بېرىش، بۇ، كۆپچىلىكنى قوغدايدىغان ئەڭ زور ياخشى تەدبىر. ئەكسىچە، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار قانۇننى كۆزگە ئىلماي، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھاياتلىققا سەل قاراپ، بىگۇناھ ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلدى، بۇ خىل جىنايى قىلمىش ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق روھىنى دەپسەندە قىلغانلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچلىققا ئىنتىلىشىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق، ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ خەۋپ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئامېرىكا ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىغا پىسەنت قىلماي، شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى يامان غەرەزدە ئەيىبلەپ، قارا چاپلاپ، بوھتان چاپلاپ، ھەتتا تۈتامى يوق گەپ قىلىپ، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئەسەبىي ئۇنسۇرلار شىنجاڭدا مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىپ، دىنلار ئىناقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلغاندا، سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىدى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما ئىناق، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغاندا، سىلەر ساختا ياخشىچاق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى كەلسە - كەلمەس ئەيىبلىدىڭلار. شىنجاڭ ئۇدا ئۈچ يىل گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق ۋەزىيەتنى سىجىل ساقلىدى، بۇ دەل سىلەرنىڭ داغ تەگكۈزۈپ، قارا چاپلاپ قىلغان سۆزۈڭلارغا قىلىنغان ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە. شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن سىلەرنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى، ئەمدى كىشىلىك ھوقۇق، دىننى دەستەك قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلماڭلار، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا بىز ئۆزىمىز سۆزلەشكە ئەڭ ھوقۇقلۇق!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)